سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# جۇمھۇرىيەتنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشىدىكى بىرىنچى دېلو

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1952 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، خېبېي ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەشكىللىگەن چوڭ خىيانەتچى ليۇ چىڭشەن، جاڭ زىشەننى ئوچۇق سوت قىلىش يىغىنى باۋدىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، ليۇ چىڭشەن، جاڭ زىشەنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، دەرھال ئىجرا قىلىش ھەم بۇ ئىككى جىنايەتچىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش جاكارلاندى.

ليۇ چىڭشەن، جاڭ زىشەن دېلوسى 1951 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن پاش قىلىنغان بىرىنچى چوڭ دېلو. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشقا بىۋاستە ھەيدەكچىلىك قىلغان. ليۇ چىڭشەن، جاڭ زىشەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1931 ـ يىلى، 1933 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى بولۇپ، ئىلگىرى تيەنجىن رايونىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا، ئۇلار قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان، قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاش ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمىگەن؛ تىنچ دەۋردە، ئۇلار خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا بېرىلىپ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، دۆلەتنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، دەريا ئىشچىلىرى ئاشلىقى، ئايرودۇرۇم قۇرۇلۇشى خىراجىتى، يەرلىك ئاشلىق، كادىرلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، دەريا تىزگىنلەش خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى، بانكا قەرزى پۇلى قاتارلىق دۆلەت مال ـ مۈلكىگە خىيانەت قىلغان، تۇتۇپ قالغان، سانى 17 مىليارد 162 مىليون 720 مىڭ يۈەن(كونا پۇل)غا يەتكەن. ئۇلار يەنە خۇسۇسىي سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھۆكۈمەت پۇلىدىن پايدىلىنىپ زور تۈركۈمدە پولات ـ تۆمۈر ئېلىپ ـ سېتىپ، ئۆزىنىڭ يېنىنى چىڭداپ، دۆلەتنى ناھايىتى زور ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتقان.

1951 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتى ليۇ چىڭشەن، جاڭ زىشەننى پارتىيىدىن قوغلاش قارارىنى چىقارغان. شىمالىي جۇڭگو بىيۇروسى بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى مەركەزگە دوكلات قىلىپ، «ليۇ چىڭشەن، جاڭ زىشەندىن ئىبارەت ئىككى خىيانەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش (ياكى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش)» تەكلىپى بەرگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىش ھەم پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئارقىلىق، خېبېي ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم ئېلان قىلىشى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن، ليۇ چىڭشەن، جاڭ زىشەننى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، دەرھال ئىجرا قىلغان.

ئوچۇق سوت يىغىنىدىن ئىلگىرى، بەزىلەر ئېيتىپ ئۆلتۈرمەي، ئۇلارغا بىر قېتىم خاتالىقىنى تۈزىتىش پۇرسىتى بېرىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ماۋ جۇشىغا ئېيتىپ بېقىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. پىكىر ماۋ زېدۇڭغا ئىنكاس قىلىنغاندا، ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەن: دەل ئۇلار ئىككىسىنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى، تۆھپىسى زور، تەسىرى چوڭ بولغاچقا، ئاندىن ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش قارارىنى چىقارغان. پەقەت ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلغاندىلا، ئاندىن 20، 200، 2000، 20 مىڭ ھەر خىل ئوخشىمىغان دەرىجىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن كادىرنى قۇتقۇزۇۋالالىشىمىز مۇمكىن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ــــ دۇڭ بىۋۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر شۇ خەيبو) 8 ـ ئايدىكى خۇبېينىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىق ئىدى. لېكىن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇڭئەن ناھىيىسىدىكى خۇاڭما قوزغىلىڭى ۋە خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي سوۋېت رايونى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىكى دۇڭ بىۋۇ خاتىرە سارىيىدا ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بىر توپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا چۈشەندۈرۈۋاتقان چېڭ شىڭ مۇخبىرغا بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ئىكەنلىكىنى، بۇ يازلىق تەتىلدە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن خېلىلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىنى، نۇرغۇن مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى بۇ يەرگە كېلىپ قىزىل تەربىيە ۋە پارتىيە تارىخى تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا تەشكىللىگەنلىكىنى ئېيتتى.



دۇڭ بىۋۇنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

دۇڭ بىۋۇ، 1886 ـ يىلى تۇغۇلغان، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇڭئەن ناھىيىسىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. 1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابىغا قاتناشقان، شۇ يىلى جۇڭگو تۇڭمېڭخۇي جەمئىيىتىگە كىرگەن. 1914 ـ يىلى ياپونىيە دۇڭجىڭدىكى «خۇسۇسىي ياپونىيە داشۆسى»گە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ قانۇن ئۆگەنگەن، ياپونىيەدە سۇن جۇڭشەن قۇرغان جۇڭخۇا گېمىڭداڭ پارتىيىسىگە كىرگەن. 1915 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ يۈەن شىكەيگە قارشى تۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى قېتىم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان.

1919 ـ يىلى دۇڭ بىۋۇ شاڭخەيدە 4 ـ ماي ھەرىكىتىگە قاتناشقان، كېيىن ۋۇخەن ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرۇپ، دۆلەت يېزىقىدىن دەرس بەرگەن. 1920 ـ يىلى كۈزدە ۋۇخەن كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دەسلەپكى تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا قاتناشقان. 1921 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان، ۋۇخەن كوممۇنىستىك پارتىيىسى دەسلەپكى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئارقىدىن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتناشقان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋۇخەن رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، خۇبېي ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى بولغان.

دۇڭ بىۋۇ 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. شىمالىي شەنشىگە بارغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى بولغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان. 1945 ـ يىلى ئازاد رايونلارغا ۋاكالىتەن سان فرانسىسكوغا بېرىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىغا قاتناشقان. ئىلگىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى جەنۇب بىيۇروسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭچىڭ خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد مىنىستىرى بولغان، شىمالىي جۇڭگو بىيۇروسىنىڭ شۇجىسى بولغان، شىمالىي جۇڭگو خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دۇڭ بىۋۇ مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خىزمەت كومىتېتى شەرقىي جۇڭگو خىزمەت ئۆمىكىنى باشلامچىلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، نەنجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك جاپالىق خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغان. چاخارنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلاردا چۈما پەيدا بولغان ھەم تېز يامرىغان، دۇڭ بىۋۇ دەرھال جىددىي يىغىن ئېچىپ، مەركەز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى قۇرۇپ، داۋالاش خادىملىرىنى تەشكىللەپ يۇقۇم رايونىغا بېرىپ، يۇقۇمنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يامرىشىنىڭ تېزدىن ئالدىنى ئالغان. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىشى بىلەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ھەممىلا جايغا تارقالغان. دۇڭ بىۋۇ مەركەز ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، كەڭ خەلقنىڭ ئاپەت ئۈستىدىن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەت مالىيەسىدە قىيىنچىلىق بولغان ۋە قاتناش قولايسىز بولغان ئەھۋالدا، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىرادىسىنى تۇرغۇزغان.

دۇڭ بىۋۇ ھامان ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ بىلەتتى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ «قېرى كالىسى» دەپ ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «بىزنىڭ پارتىيەمىز ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئەگەر ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلمىسا، يەنە كومپارتىيە تەشكىللەپ نېمە قىلىمىز؟» ئۇ مۇنداق نەزم ئوقۇغان: «ئىنقىلاب ئەسلىدىنلا شەخس ئۈچۈن ئەمەس، ئاممىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى قوللىماق كېرەك.» ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپلا قالماي، بەلكى يەنە پەرزەنتلىرى ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوستلىرىغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى دۇرۇس ئادەم بولۇشقا، تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلىشقا تەربىيەلەيتتى، ھەرقانداق ئالاھىدە ھەرىكەتنىڭ بولۇشىغا قەتئىي يول قويمايتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇرتىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوستلىرى ئۇنى بېيجىڭدا «چوڭ ئەمەلدار» بولدى دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىپ خىزمەت، ئۆرلەپ ئوقۇش ھەمدە تىراكتور، پولات ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. دۇڭ بىۋۇ بىردەك رەت قىلغان ھەم ئۇلارغا مۇنداق سەممىي تەربىيە بەرگەن: «مەن پارتىيەنىڭ تاپشۇرۇقىنى، خەلقنىڭ ئىشەنچىنى قوبۇل قىلىپ دۆلەت رەھبىرى بولدۇم، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈشنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن، شۇنداقلا قوغدىغۇچىلىرىدىن بولدۇم، ھەرگىزمۇ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغا ماددىي ئەشيالارنى تەستىقلاپ بەرسەم بولمايدۇ»؛ «ئىنقىلاب ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن ئەمەس».

1975 ـ يىلى، دۇڭ بىۋۇ بېيجىڭدا ۋاپات بولدى. يې جيەنيىڭ تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «يولداش دۇڭ بىۋۇ بىر ئۆمۈر ياخشى ئىش قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى، ئۇ پارتىيە ۋە خەلققە چەكسىز سادىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى بولۇشقا مۇناسىپ!»

## جاڭ ۋېنتيەن: پارتىيەگە سادىق بولغان، خەلققە سادىق بولغان ھايات



جاڭ ۋېنتيەننىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلىرىمىز گو جىڭدەن، ۋۇ جېندۇڭ) شاڭخەي شەھىرىنىڭ پۇدۇڭ يېڭى رايونى جۇچياۋ بازىرى دېڭسەن كەنتىدە، بىر تۆر ئۆي، ئىككى يان ئۆيلۈك بىر ھويلا بار، يولغا كۆك خىش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، بامبۇك چىتلىقى بىلەن ئورالغان، قويۇق يېزا كەنت تۈسى ۋە جاڭنەنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ يەر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن ــ جاڭ ۋېنتيەننىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى.

جاڭ ۋېنتيەن، 1900 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شاڭخەي پۇدۇڭلۇق. 1925 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا جۇڭشەن داشۆسى، قىزىل پروفېسسور شۆيۈەنىگە بېرىپ ئوقۇغان، 1930 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتقان، 1931 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ۋاقىتلىق مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ئەزاسى بولغان. 1933 ـ يىلى، جاڭ ۋېنتيەن جياڭشى مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىغا كىرگەن، كېيىنكى يىلى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان، 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان.

ئۇزۇن سەپەردە، جاڭ ۋېنتيەن ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىشلار تەشەببۇسىنى قەتئىي قوللىغان. زۈنيى يىغىنىدا، ئۇ يىغىندىن ئىلگىرىكى ماۋ زېدۇڭ، ۋاڭ جياشياڭ بىلەن ئورتاق مەسلىھەتلەشكەن پىكىرگە ئاساسەن، «سول»چىل ھەربىي ئىشلار خاتالىقىغا قارشى دوكلات بېرىپ، پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيەنى قۇتقۇزۇپ، پارتىيەنىڭ ھەربىي ئىشلار لۇشيەنىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. يەنئەن مەزگىلىدە، جاڭ ۋېنتيەن پۈتۈن پارتىيەنىڭ نەزەرىيە تەشۋىقاتى ۋە كادىرلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە ئۇزاق مۇددەت مەسئۇل بولغان.

1938 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتەپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تەشۋىقات ۋە تەربىيە خىزمىتى ئىشلىگەن، پارتىيە ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى يېتىشتۈرگەن.

جاڭ ۋېنتيەن بەرگەن «ياشلارنىڭ تەربىيەلىنىشى توغرىسىدا» «كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا» قاتارلىق نۇتۇقلار كەڭ كادىرلار ۋە ياشلار ئارىسىدا كەڭ تەسىر قوزغىغان. 1941 ـ يىلى يەنئەندە ئىستىل تۈزىتىش باشلانغاندىن كېيىن، جاڭ ۋېنتيەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ شىمالىي شەنشى، سەنشىنىڭ غەربىي شىمالىغا بېرىپ، يېزىلاردا جەمئىيەت تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يازغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جاڭ ۋېنتيەن شەرقىي شىمالغا بېرىپ يەرلىك خىزمەت ئىشلىگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي شىمال بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ مەزگىلدە، ئۇ يازغان «شەرقىي شىمالنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى توغرىسىدا تېزىس» يېڭى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا مۇھىم نەزەرىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

1950 ـ يىلدىن كېيىن، جاڭ ۋېنتيەن دىپلوماتىيە سېپىگە يۆتكىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مىنىستىرى بولغان، ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلىتىمىزنىڭ بىر قاتار مۇھىم، زور دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان.

1976 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جاڭ ۋېنتيەن كېسەل سەۋەبىدىن جياڭسۇ ۋۇشىدا ۋاپات بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە، جاڭ ۋېنتيەننىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى قىزىل تەربىيەنىڭ «نەق مەيدان دەرسخانىسى»غا ئايلاندى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەسلىي تۇرالغۇ جەمئىي 786 تۈركۈم ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنى كۈتۈۋالغان، ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار تەخمىنەن 51 مىڭ ئادەم قېتىم بولغان. ئەسلىي تۇرالغۇ تەشۋىقات ـ تەربىيە تارمىقىنىڭ «ۋېنتيەن دەرسخانىسى» باش تېمىسىدىكى پارتىيە دەرسىمۇ تارقىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا جاڭجياڭ بازىرى مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشى مۇلازىمەت مەركىزى، جۇچياۋ بازىرىدىكى سىفەنيجۇ، جۇچياۋ بازىرىدىكى دۇڭگاگېيجۇ قاتارلىق ئالتە ئورۇنغا كىرگەن. ئەسلىي تۇرالغۇدىكى ئېكسكۇرسىيەچىلەر سۆز قالدۇرۇش دەپتىرىدە بىخۇا بويىچە يېزىلغان ئاددىي پوچېركلارمۇ، چىرايلىق يېزىلغان قول يازمىلارمۇ بار. «مەن جاڭ ۋېنتيەن بوۋامدىن ئۆگىنىمەن» «ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ ۋېنتيەن، بىز سىزنىڭ ئىزىڭىزنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز»...

## ۋۇ گېنشېڭ: تېنى بىلەن چاقنى توسۇپ ھاياتلىقنى «قوغدىغۇچى»



ۋۇ گېنشېڭنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر ۋاڭ شيەن) دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى جامائەت خەۋپسىزلىكى مەخسۇس تېمىسىدىكى مۇزېي ــ شاڭخەي جامائەت خەۋپسىزلىكى مۇزېيىدا، ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ گېنشېڭ قاچقۇن جىنايەتچىنى قوغلىغاندا مىنگەن موتوسىكلىت ئىزچىل قويۇلغان بولۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە پىداكارلىق كۆرسەتكەن بۇ خەلق ساقچىسىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

ۋۇ گېنشېڭ، ئەر، 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان، خۇبېي ئېچېڭدىن، 1968 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن شاڭخەي چۇڭمىڭ چاڭجېڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1970 ـ يىلى شاڭخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، قاتناش ساقچىسى بولغان. كېيىنكى يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، كېيىن شاڭخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش باشقارمىسى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ئوتتۇرا ئەترىتىدە مۇئاۋىن شۆبە ئەترەت باشلىقى بولغان.

1975 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 13تىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، چۈشلۈك دەم ئېلىۋاتقان ۋۇ گېنشېڭ شاڭخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جىددىي توسۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى: جۇڭشەن غەربىي يولى ئەتراپىدا يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن سوقۇش ئېچىنىشلىق ھادىسىسى يۈز بەردى، چوقۇم جىنايەتچىنى تېزلىكتە توسۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ئۆلۈشى، يارىلىنىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

خەۋپلىك، جىددىي پەيتتە، ۋۇ گېنشېڭ ۋە خىزمەتداشلىرى تېزلىكتە موتوسىكلىت بىلەن ھادىسە يۈز بەرگەن جايغا بېرىپ، ئىككى يېرىم تونىلىق «يۆجىن» ماركىلىق بىر يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ يۈگەنسىز ياۋا ئاتتەك ئۇدۇل كەلگەن يەرگە سوقۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقى، بىر توپ ئوقۇغۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىپمۇ قىلچە توختىمايۋاتقانلىقى، ئەكسىچە بارغانسېرى غالجىرلىشىپ، ۋەھشىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، كۆرگەنلا ئادەمنى سوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بۇ يۈك ئاپتوموبىلى ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي قانچىلىغان بىگۇناھ جانغا زامىن بولدى، ھەتتا قۇچىقىدا بالىسى بار ئاياللارنىمۇ ئاياپ قويمىدى... نەق مەيداندا تۆت ئادەم قازا قىلدى، 30 نەچچە ئادەم يارىلاندى، يەنە كىشىلەرنىڭ ھەر ۋاقىت چاق ئاستىدا ھاياتىدىن ئايرىلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى.

بىر تەرەپتىن جىنايەتچىنىڭ ياۋۇزلۇقى ئۆچىغا چىققان، بىر تەرەپتىن ئاممىنىڭ ھاياتى خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە قالغاندى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ساراسىمىگە چۈشۈپ خەتەرگە يىراق يۆنىلىشكە قاراپ يۈگۈرگەندە، ۋۇ گېنشېڭ ۋە خىزمەتداشلىرى قىلچە ئىككىلەنمەي، دەرھال كىشىلەرگە قارشى يۆنىلىشتە يۈك ئاپتوموبىلىغا قاراپ ئېتىلدى. ئاخىر، شاڭخەي تۆمۈريول شۆيۈەنىنىڭ دەرۋازىسىدا، ۋۇ گېنشېڭ ۋە خىزمەتداشلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىنىڭ سومكىسى ئېسىلىپ قالغان ۋەقە تۇغدۇرغان يۈك ئاپتوموبىلىنى بايقىدى.

يۈك ئاپتوموبىلى ئادەم ئېقىمى زىچ ۋۇنىڭ يولى چاڭشۇ يولىغا بۆسۈپ كىرەي دەپ قالغاندى، كۆپ قېتىملىق توسۇش ئۈنۈم بەرمىگەن ئەھۋالدا، 23 ياشلىق ۋۇ گېنشېڭ كۆپ ئويلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا، قەھرىمانلارچە موتوسىكلىتنى ھەيدەپ يۈك ئاپتوموبىلىغا قاراپ ئۇدۇل ئېتىلىپ، تېنى ۋە موتوسىكلىتى ئارقىلىق ۋەھشىي يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ چاقىنى توسۇپ قالدى.

«گۈم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يۈك ئاپتوموبىلى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن كونتروللۇقنى يوقىتىپ، يول بويىدىكى لاي ـ پاتقاقلىققا چۈشۈپ كەتتى، بۇ قانخور ئاپتوموبىل چاقى ئاخىر مەجبۇرىي توختىتىلدى؛ خەلق ساقچىلىرى ۋە ئامما بىراقلا يوپۇرۇلۇپ بېرىپ، جىنايەت گۇماندارىنى تىرىك تۇتتى. ھالبۇكى، ۋۇ گېنشېڭ كۈچلۈك زەربىنىڭ كۈچىدىن قاڭقىپ ئون نەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشتى، پۇت ـ قوللىرى ۋە باش سۆڭىكىنىڭ كۆپ قىسمى سۇنۇپ، قانسىراش مىقدارى 2000CC گە يېتىپ، ئېغىر يارىلاندى.

بىر نەچچە كۈن ھوشسىز ياتقاندىن كېيىن، ۋۇ گېنشېڭ ھوشىغا كەلدى، ئۇ بىرىنچى بولۇپ: «قاتىل تۇتۇلدىمۇ ـ يوق؟ خىزمەتداشلار ياخشىمۇ؟» دېدى.

1977 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 23تىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، ئەھۋالى ناچارلىشىپ، ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن ۋۇ گېنشېڭ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بەختكە قارشى قازا قىلغان. شۇ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شاڭخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتى پۈتۈن شەھەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، ياشلارنى يولداش ۋۇ گېنشېڭنىڭ ئۈلگىلىك ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرغان، شاڭخەي شەھىرىدىكى «ئازادلىق گېزىتى» «ۋېنخۇي گېزىتى» قاتارلىق تارقاتقۇلار ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىش ئىزلىرىنى بەس ـ بەستە خەۋەر قىلغان. 1977 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ۋۇ گېنشېڭغا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ گېنشېڭنىڭ يۇرتى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئېجوۋ شەھىرىدە، ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان، ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان زور بىر تۈركۈم قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقاتتى. ئېجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى كۆپلىگەن خەلق ساقچىسى مۇنداق بىلدۈردى: ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ گېنشېڭنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى بىزنى چوڭقۇر تەربىيەگە ئىگە قىلدى، بىز ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خالىس ۋە قورقماس قىياپىتىمىز، باتۇر ۋە جەڭگە ماھىر ھەرىكىتىمىز، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش كۈچىمىز بىلەن، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنىڭ «قوغدىغۇچى»لىرىدىن بولۇشقا بەل باغلىدۇق.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)